# يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ باش تېما تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئەستايىدىل يەكۈنلىگەندىن كېيىن، چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى پۈتۈش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى بوشاشماي يەنىمۇ كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىپ، دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك ئۆگىنىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەسلى مەقسەتنى ئوزۇقلاندۇرۇش، بۇرچقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. سىياسىي قۇرۇلۇشنى بوشاشماي كۈچەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي قۇرۇلۇشنى تۈپ خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش قىلىش، باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يولدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، ئاڭلىق ھالدا كوممۇنىزم ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئورتاق غايىسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى، سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. تۈپ ئاساسىي مەقسەتنى قەتئىي بوشاشماي ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر ھەر مىللەت ئاممىنى قەلبىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تۆرىگە قويۇپ، ھەممىدە ئاممىنى كۆزلەپ، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ئاممىغا ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى، پۈتۈن كۈچى بىلەن خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى ياخشى قىلىپ، كۈچلۈك ئاساسىي مەقسەت ئېڭى ۋە خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشنى بوشاشماي ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئالاھىدە ئىمتىياز بولماسلىق ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، كۈرەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىستىلنى ياخشىلاپ، دائىم «ئەينەك»كە قاراپ، «ئۆي»نى تازىلاپ، ئۆزىنى «كۆزىتىپ»، ئۆزىنى پاكلاش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك. قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىشنى بوشاشماي ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈم تۈزۈش بىلەن تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچى بولۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەربىيە نەتىجىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشتا بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دادىل بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىم بىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ماھىرلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنىڭ دائىملىق، ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى پۇرسەت بىلىپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىش كېرەك.

ئوۋياڭ سۈڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش تېما تەربىيەسى توغرىسىدىكى، شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت تەلەپنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ كۆزلەپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولدى؛ دىققەتنى نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى؛ ئۆلچەمگە، قانۇن ـ نىزامغا قاتتىق توغرىلىنىپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر ئىزدەپ تېپىپ، تەكشۈرۈپ كۆزەتتى؛ مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، دەل جايىدا تۈزىتىپ، ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مەخسۇس تۈزەشنى ئالغا سىلجىتتى؛ قۇرۇق ئىش قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، باش تېما تەربىيەسىدە مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئوۋياڭ سۈڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلغان سۆزى قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تىن ئىبارەت بۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسىنى دائىم تۇتۇش، دائىم يېڭىلاپ تۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بوشاشماي ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە ئۈزلۈكسىز كۈچ سەرپ قىلىپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نىڭ ئىدىيە ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئاڭلىق ئۆستۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شۇ رايون، شۇ ساھە توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىرمۇبىر چىڭ كۆزلەپ قويۇپ بەرمەي، تۇرمۇتۇر ياخشى تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشتىكى مول نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى ئەسلى مەقسەت، بۇرچقا خىلاپ مەسىلىلەرنى دائىملىق تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشقا تەشكىللەپ، كۆرگىلى بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك. تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە بېكىتىلگەن تۈزىتىش ۋەزىپىسى ۋە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى ۋەزىپىدىكى ۋە ھازىرقى ۋەزىپىدىن چېكىنگەن قىسمەن مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي يولداشلار، دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان قىسمەن پېشقەدەم يولداشلار، مەركەز 6 ـ سەييارە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئۈرۈمچىدىكى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىينىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتكومنىڭ ئەزالىرى، كاندىدات ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى سەييارە كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەڭگۈلۈك تېمىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىشقا بولىدىغانلىقىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەمىزنىڭ تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچى ۋە قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقىنى مەڭگۈ ساقلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

## باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەتنى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەملەش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئىلگىرىكى ئىنقىلابىي كونا رايونلار بۈگۈنكى ئاقىل باغچە رايونىغا ئايلاندى. شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىنيى شەھىرى لەنشەن رايونىغا جايلاشقان خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى ئاقىل ئەشيا ئوبوروت باغچىسىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى يېقىندا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن زامانىۋى ئەشيا ئوبوروتىغا قاراپ تېز قەدەم تاشلاندى.

«خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېيتقاندەك، پارتىيەمىزنىڭ 100 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقى، ئېلىپ بارغان بارلىق كۈرەشلىرى، بەرگەن بارلىق قۇربانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ بەختى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈندۇر. كونا ئىنقىلابىي رايوندىكى خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئالدىنقى قاتاردا مېڭىش بىزنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتىمىز.» لەنشەن رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنشى مۇنداق دېدى: «بىز پارتىيەنىڭ قالتىس تارىخىدا ئەسلى مەقسەتنى ئىزدەپ، بۇرچنى رىغبەتلەندۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز».

مۇنارسىمان كىرانلار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئاپتوموبىللار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. خېبېي شيۇڭئەن يېڭى رايونىغا جايلاشقان قۇرۇلۇش ئىش ئورنى زىمىستاندىكى قىشنىڭ ئۈچىنچى چىللىسى مەزگىلىدىمۇ يەنىلا قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قۇرۇلۇشچىلار ئىش قوشۇپ ئىشلەپ، جاسارەت بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى.

خېبېي شيۇڭئەن يېڭى رايونى تەشۋىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گو شياۋكې مۇنداق دېدى: «2019 ـ يىلى شيۇڭئەن يېڭى رايونىدا 67 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش باشلاندى. ھازىر تۈرلۈك خىزمەتلەر پىلان تۈزۈشتىن كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، قۇرۇلۇش قىلىشقا ئۆزگەردى. مۇشۇ پەيتتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەملەش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى تېخىمۇ ھېس قىلدىم».

شىئەن قاتناش داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ مەيزېڭنىڭ قارىشىچە، ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىرادىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەيدىغان، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەيدىغان ئالىي مەكتەپلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى مۇھىم. «بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، غايە ـ ئېتىقادنى مۇستەھكەملەپ، شىئەنگە كۆچۈش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ‹ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپزىملىق، قەھرىمانلىق، ئۈمىدۋارلىق› بىلەن ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرىمىز».

## باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن مەسىلىگە توغرا قارايدىغان جاسارەت ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان ئاڭلىقلىق بىلەن پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

«ھازىر بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا ئۆز ـ ئۆزىنى ئانالىز قىلىشى ‹قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىش قىلىش›قا ئوخشاپ قالىدى، ئۆزئارا تەنقىد قىلغاندا ‹كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋېلىپ›، ئۆزىنى پاكلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمىدى.» خۇنەن ئۆلكىسى جۇجۇ شەھەرلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شەھەرلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دېڭ ۋېيمىن مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يىغىندىن بۇرۇن قاتتىق تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، يىغىن داۋامىدا ھەقىقىي قول سېلىپ قېيىنىغا تېگىش قىلىپ، يىغىندىن كېيىن تۈزىتىشنى چىڭ كۆزلەپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ.

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش كېرەك.

بۇ ھەقتە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى، مەملىكەتلىك قارا كۈچلەرنى يوقىتىش ئىشخانىسى كاتىبات ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن شياۋجۈن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە: «2020 ـ يىلى، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويىدى، بۇ ھەم چوڭقۇر قېزىش، يىلتىزىدىن تۈزەش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، ھەم ئۇزاق ئۈنۈملۈك قىلىش، ئۇزاققىچە ئىدارە قىلىش باشلىنىدىغان يىل، شۇنداقلا كۈرەش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئومۇميۈزلۈك سىنايدىغان يىل. بىز جەزمەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، روھنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، داۋاملىق ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىرادىنى ئۆزگەرتمەسلىك، مەسئۇلىيەتنى ئۆزگەرتمەسلىك، سالماقنى ئۆزگەرتمەسلىكتە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرگە قارشى قەتئىي ئاداققىچە كۈرەش قىلىپ، تېخىمۇ ئەلا جەڭ نەتىجىلىرى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە ۋە خەلققە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرىمىز».

مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە قانچە يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا، ھەتتا دەھشەتلىك دولقۇنغا تولغان بولىدۇ.

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سودا ئىشلىرى نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ما خۇا مۇنداق دېدى: «جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى ئالدىدا، گۇاڭدۇڭ تولۇق ئالدىن ھۆكۈم قىلىش ۋە تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ، خەۋپ ـ خەتەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىشكە قىستاپ، دىققەتنى سىياسەت سىستېمىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، كۆپ مەنبەلەشكەن بازار ئېچىش، تاشقى سودا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش، سودىنى قولايلىقلاشتۇرۇشنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ دەل جايىدا كۈچەپ، تاشقى سودىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك مۇقىم تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولدى».

«2020 ـ يىلى، تاشقى مۇھىتتىكى پايدىسىز ئامىللار كۆپەيگەن، دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايغان مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، بىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى داۋاملىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى يۇقىرى سۈپەتلىك پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، مۇلازىمىتى ئۈنۈملۈك، خەۋپ ـ خەتىرىنى كونترول قىلغىلى بولىدىغان، سودىسى ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان كىچىك، ئۇششاق پۇل مۇئامىلە تەرەققىيات يېڭى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرىمىز» دېدى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق پۇل مۇئامىلە كەسپى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خۇاڭ جيەنچىن.

## تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەمەلىي ئىشلەپ، زىممىگە ئېلىش ئارقىلىق تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش

تۈزۈم ئەۋزەللىكى بىر پارتىيە، بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، جەزمەن پارتىيە ئىچىدىكى تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئەنخۇي ئۆلكىلىك ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر نيۇ نۇتاۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پارتىيە قۇرۇلۇشى، كادىرلار ئىشلىرى قاتارلىق 41 تۈرلۈك قائىدە ـ نىزام تۈزۈپ ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تۈزۈم ئىجراسىنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھىنى ئۇرغۇتتى. كېيىنكى قەدەمدە، نازارەت باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەت تەلىپىنى قاندۇرۇش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى باشتىن ـ ئاخىر ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىشلارنىڭ زور تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا، رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن ئۈلگە بولۇشى، زەربىدارلىق بىلەن ئالدىدا مېڭىشى كېرەك.

كەنت ـ گۇرۇپپىلارنىڭ يوللىرىنى ئۆزگەرتىش، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، كەسىپلەرنى يۆلەش، سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلىش... نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ مەيدانىدا ئالدىراش يۈرۈش يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ شاۋتۇڭ شەھىرى جېنشيۇڭ ناھىيەلىك ئېنېرگىيە ئىدارىسىدىن پوجى بازىرى لاۋباۋجەي كەنتىدە تۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن كەنتتە تۇرۇشلۇق نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى چېڭ جۇڭچېڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەش مۇساپىسىدۇر.

«كەنت بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇ، باشلامچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپىنى ھەر ۋاقىت ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ئىشلەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، يۇرتداشلارنى يېتەكلەپ، نامراتلىققا قارشى تۇرۇشتىكى بۇ مەيدان ھەل قىلغۇچ جەڭدە غەلىبە قىلىمەن» دېدى چېڭ جۇڭچېڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ھەر نەچچە مىنۇتتا بىر ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىل زاۋۇتتىن چىقىدۇ — گەرچە سىرتتا ھاۋا ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن جىلىن چاڭچۈن 1 ـ ئاپتوموبىل شىركىتى جېيفاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش سېخىنىڭ ئىچى ئالدىراش ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسىگە تولغانىدى.

«چوڭ تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرى شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم موتورى، دۆلەت كارخانىسىدىكى پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەر بويىچە، باتۇرلۇق بىلەن باشلامچى بولۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىمىزگە ئېلىپ، كارخانىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەت كارخانىسىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، ئەلالاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا ‹تۆت ئاڭ›نى كۈچەيتىپ، ‹تۆت ئىشەنچ›نى چىڭىتىپ، ‹ئىككىنى قوغداش›نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شەرقىي شىمالنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ تېخىمۇ زور تۆھپىمىزنى قوشۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار» دېدى 1 ـ ئاپتوموبىل شىركىتى جېيفاڭ ئاپتوموبىل چەكلىك شىركىتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر خۇ خەنجيې قەتئىيلىك بىلەن.

**(مۇخبىرلار: جوۋ ۋېي، ۋاڭ چى، ليۇ يىجەن، لى يەنشيا، ياڭ ۋېن، ساۋ گوچياڭ، گاۋ بو، لى خاۋ، تەن چاڭ، دېڭ رۇيشۈەن، دىڭ لې، جاڭ زىيۈن، زى چياڭ، دۇەن شۇ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**